نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا ھاجىم



# ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى
# سىناقتىن ئۆتكەن رېتسېپلار







قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

نېمىتوللا ئەبەيدوللا ھاجىم

# ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى سىناقتىن ئۆتكەن رېتسېپلار



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔医验方汇编:维吾尔文/尼米吐拉·艾拜都拉编.—喀什:喀什维吾尔文出版社,2008.7
ISBN 978—7—5373—0690—4

Ⅰ.维... Ⅱ.尼... Ⅲ.维吾尔族—民族医学—验方—汇编—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.R291.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2008)第087484号

责任编辑:**巴克阿吉·特外库勒**
责任校对:**拜合提亚尔·阿布力米提**
封面设计:**海热提·哈里克**

# 维吾尔医验方汇编

作者:**尼米图拉·艾拜都拉**

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
(喀什市塔吾古孜路14号　邮编:844000)
**各 地 新 华 书 店 经 销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
850×1168**毫米**　1/32**开本** 21.5 **印张**　3**插页**
1999**年**8**月第**1**版**　2008**年**7**月第**4**次印刷**
**印数**:13230 —— 16310 **定价**:38.00 **元**

如有质量问题,请与我社联系调换　电话:0998—2653927

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە . ئۇ ، ئەمگەكچان ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخى جەريانىدا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ ئومۇمىي يەكۈنى بولۇش بىلەن بىللە ، ۋەتىنىمىز-نىڭ تېببىي دورىگەرلىك ئىلمىگە قوشقان شانلىق تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان تېۋىپ ۋە دورىگەرلەرنىڭ سان ـ ساناقسىز ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ياكى مۇۋەپپەقىيەتسىز تەجرىبىلىرى ۋە دورىگەرلىك ئىختىرالىرىنىڭ توپلاپ رەتلىنىشى ۋە يىزىپ قالدۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ، راۋاجلانغان ئىلىم . ئۇ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ بىرى . ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ، ئۇ ، ۋەتەن تىبابىتى خەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرغان گۆھەر .

ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىدا مۇشۇ تىبابەتچىلىككە تا-يىنىپ كېسەللىكلەرگە قارشى كۈرەش قىلغاندىن تاشقىرى ، قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى دەۋرىمىزگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ جاپالىق ، لېكىن شەرەپ-لىك ۋەزىپە تارىخىي بۇرچ سۈپىتىدە بىزگە يۈكلەندى .

كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغىنى شۇكى ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىلىرىنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشى ، « ئۇيغۇر تىبابەت-

چىلىكى قامۇسى » قاتارلىق بىر يۈرۈش بىباھا كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىشى ، دورا ياساش تېخنىكىسىنىڭ ماشىنىلىشىشى ۋە قىسمەن زامانىۋىلىشىشى ، « شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى » قۇرۇلۇپ ، زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق ئىزباسارلارنىڭ تەربىيىلىنىپ چىقىشى ، « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى » قاتارلىق ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنىشى قاتارلىقلار ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تارىخىي شارائىت ۋە پۇختا ئاساس بىلەن تەمىنلىدى .

مەن 1963 - يىلدىن باشلاپ دادام ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرەمدىن تەلىم ئېلىپ ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ ، بىر تەرەپتىن تېبابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن ئىدىم . ئوتتۇز نەچچە يىللىق تېبابەتچىلىك ئەمەلىيىتى جەريانىدا دادامنىڭ ۋە ئۆزۈمنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن مەخپىي رېتسېپلارنى رەتلەپ ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر تېبابەت ھۆكۈمالىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى توپلاپ ، بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم . كىتابىم كەسىپداشلىرىمنىڭ جاپاسىنى يەڭگىللىتىشكە ئازدۇر - كۆپتۇر ھەمدەم بولالىسا ، بۇ مەن ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق .

گەرچە كۆپ يىل ماتېرىيال توپلىغان بولساممۇ ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىن ئىبارەت بۇ كەڭ ساھەنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكەن ھەممە نۇسخىلىرىنى خۇلاسىلەپ بولدۇم دېيەلمەيمەن . بۇ كىتابنى تۈزۈشتە ئۆزۈمگە تونۇشلۇق بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى ئاساس قىلدىم . بۇ ساھەدە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىش ، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش لازىملىقى ئۆزۈمگىمۇ ئايان . شۇڭا ، كەسىپداشلار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ نۇقتىغا ئەپۇ نەزىرى بىلەن قارىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ، كىتابتا ساقلانغان مەسىلىلەرگە تەنقىدىي پىكىر بېرىشلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن .

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

### كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن داۋالاش ئۇسۇللىرى


I باب باش ۋە مېڭە كېسەللىكلىرى ...................... 3
باش ئاغرىقى ...................... 3
باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ...................... 14
باش قېيىش ...................... 18
تۇتقاقلىق ...................... 20
نېرۋا ئاجىزلىق ...................... 23
سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش ...................... 27
مالىخولىيا ...................... 29
مېڭە سىلكىنىش ...................... 31
ئۇنتۇغاقلىق ...................... 33
مېڭە قان تومۇر قېتىشىش ...................... 36
زۇكام ۋە نەزلە ...................... 38
مېڭە پەردىسىنىڭ ياللۇغى ...................... 43
II باب ھەرىكەت ئەسەبلىرىنىڭ كېسەللىكلىرى ...................... 49
پالەچ ...................... 49
ئىستىرخا ...................... 52
يۈز نېرۋىلىرى پالەچلىنىش ...................... 54
تىترىمە ( رەئشە ) ...................... 56

بەدەن مۇسكۇللىرى تارتىشىپ قېلىش ( ئىختىلاج ) ......... 59
باللار پالىچى ........................................ 60
III باب ھەرىكەت ئەزالىرىنىڭ كېسەللىكلىرى .................... 62
ئۆتكۈر بوغۇم ياللۇغى ........................................ 62
سوزۇلما بوغۇم ياللۇغى ........................................ 68
نىقرەس ........................................ 71
بوغۇم كېزىكى ........................................ 73
ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ( ئىرقۇننىسا ) .................... 74
نېرۋا ئۇچى ياللۇغى ........................................ 76
سۆڭەك سىلى ........................................ 77
سۆڭەك ئۆسمىسى ........................................ 78
سۆڭەك ئۆسۈش ........................................ 80
ھەرىكەت ئەزالىرى كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا خەلق ئارىسىدا
سىناقتىن ئۆتكەن بەزى نۇسخىلار .................... 81
IV باب ئۆپكە ۋە نەپەس يولى كېسەللىكلىرى .................... 83
يۇقىرىقى نەپەس يوللىرىنىڭ ياللۇغى .................... 83
تۇتقاقلىق دەم سىقىلىش ( زىققە ) .................... 90
ئۆپكە ياللۇغى ........................................ 95
كۆكرەك پەردە ياللۇغى ........................................ 99
ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى ........................................ 100
ئۆپكە سىلى ........................................ 102
ئۆپكە سەرتانى ........................................ 106
V باب يۈرەك كېسەللىكلىرى ........................................ 108
يۈرەك زەئىپلىشىش ........................................ 108
يۈرەك قوزغىلىش ........................................ 110
يۈرەك سانجىقى ........................................ 115
يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى ........................................ 123

يۇرەك قېپى ياللۇغى ........................................ 126
يۇرەك ئىچكى پەردە ياللۇغى ........................................ 127
ئۆپكە مەنبەلىك يۇرەك كېسەللىكى ........................................ 128
تاجسىمان قان تومۇرقېتىشىش ........................................ 129
يۇقىرى قان بېسىمى ........................................ 132
كەم قانلىق ........................................ 141
يۇرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا خەلق ئارىسىدا سىناقتىن
ئۆتكەن بەزى نۇسخىلار ........................................ 144
VI باب ئاشقازان كېسەللىكلىرى ........................................ 147
ئىشتىھاسىزلىق ........................................ 147
ھېق تۇتۇش ........................................ 150
قىزىلئۆڭگەچ راكى ........................................ 151
ئۆتكۈر ئاشقازان ـ ئۈچەي ياللۇغى ........................................ 153
ئاشقازان ياللۇغى ........................................ 156
سوزۇلما ئاشقازان ياللۇغى ........................................ 157
ئاشقازان ـ 12 بارماق ئۈچەي يارىسى ........................................ 159
ئاشقازان تۆۋەنلەپ كېتىش ........................................ 163
ئاشقازان راكى ........................................ 168
خولېرا ........................................ 170
VII باب ئۈچەي ۋە مەقئەت كېسەللىكلىرى ........................................ 176
سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغى ........................................ 176
سوزۇلما ئۈچەي ياللۇغى ........................................ 177
بوغماق ئۈچەي ياللۇغى ........................................ 179
تولغاق كېسەللىكى ........................................ 181
قەۋزىيەت ........................................ 184
قەۋزىيەتنى داۋالاشتا خەلق ئارىسىدا تەجرىبىدىن ئۆتكەن
رېتسېپلار ........................................ 186

سازاڭسمان مەددە كېسەللىكى ........................ 188
قاپاق ئۇرۇقى مەددە كېسەللىكى ........................ 191
تۇتۇ مەددە كېسەللىكى ........................ 192
قورساقـتىكـى ھەر تۈرلۈك قۇرتـلارنـى چۈشۈرۈشتە خەلق
ئارىسىدا تەجرىبىدىن ئۆتكەن نۇسخىلار ........................ 194
بوۋاسىر ........................ 195
بوۋاسىر كېسەللىكىنى داۋالاشـتا خەلق ئـارىسىدا سىناقـتىن
ئۆتكەن بەزى رېتسېپلار ........................ 198
مەقئەت قىچىشىش ........................ 199
مەقئەت يېرىلىش ........................ 201
سوگى چىقىپ قېلىش ........................ 203
سوك ئاقمىسى ........................ 205
VIII باب جىگەر ۋە ئۆت كېسەللىكلىرى ........................ 207
يۇقۇملۇق جىگەر ياللۇغى ........................ 207
جىگەر ئاجىزلىشىش ........................ 213
يەرقان ( سېرىقكېسەل ) ........................ 216
جىگەر قېتىشىش ........................ 220
ئۆت خالتا ياللۇغى ........................ 221
ئۆت تېشى كېسەللىكى ........................ 224
ئىستىسقا ........................ 228
IX باب سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ........................ 233
بۆرەك زەئىپلىشىش ........................ 233
بۆرەك ئورۇقلاش ........................ 238
بۆرەك ياللۇغى ........................ 240
بۆرەك جامى ياللۇغى ........................ 244
بۆرەك سانجىقى ........................ 246
بۆرەك ۋە سۈيدۈك يول تېشى ........................ 248

بۆرەككە سۇ يىغىلىش ........................................ 253
قەنت سىيىش ........................................ 254
سىزلام ........................................ 264
دوۋساق ياللۇغى ........................................ 267
دوۋساق يارىسى ........................................ 269
سۈيدۈك تۇتالماسلىق ........................................ 270
X باب تاناسىل ئەزالار كېسەللىكلىرى ........................................ 273
سىفلىس ........................................ 273
سۆزنەك ........................................ 276
XI باب ئەرلەر كېسەللىكلىرى ........................................ 281
سىرتقى جىنسىي ئەزا ياللۇغى ........................................ 281
ئۇرۇقدان ياللۇغى ........................................ 284
جىنسىي ئاجىزلىق ........................................ 287
مەنىي تېز يۇرۇپ كېتىش ........................................ 297
مەنىي ئېقىپ كېتىش ........................................ 301
ئېھتىلام بولۇش ........................................ 305
مەزى بېزى ياللۇغى ........................................ 307
مەزى بېزى چوڭىيىپ قېلىش ........................................ 315
XII باب ئاياللار كېسەللىكلىرى ........................................ 317
ھەيز نورمالسىز كېلىش ........................................ 317
دەھلىز چوڭ بېزى ياللۇغى ........................................ 321
ئاق خۇن كېسەللىكى ........................................ 323
بالىياتقۇ يەللىك ئىششىقى ........................................ 331
بالىياتقۇنىڭ ئورنىدىن سىلجىشى ........................................ 333
بالىياتقۇنىڭ قانىشى ........................................ 334
بالىياتقۇ چىقىپ قېلىش ........................................ 339
بالىياتقۇ بوينى ياللۇغى ........................................ 341

بالىياتقۇ جاراھىتى ........................................ 346
بالىياتقۇ راكى ........................................ 349
تۇغماسلىق ........................................ 352
ھۆسن تۈزەش ........................................ 354
ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا خەلق ئارىسىدا سىناقتىن
ئۆتكەن بەزى نۇسخىلار ........................................ 356
XIII باب بالىلار كېسەللىكلىرى ........................................ 360
يەل كىندىك ........................................ 360
سۈت تەمرەتكىسى ........................................ 361
سۇ چېچەك ........................................ 362
قىزىل ........................................ 363
بالىلار يۆتىلى ........................................ 368
كۆكيۆتەل ........................................ 370
قۇلاق ئاستى بېزى ياللۇغى ........................................ 375
بالىلار مېڭە پەردە ياللۇغى ........................................ 379
بالىلار بويۇن بەز سىلى ........................................ 380
سىيىپ يېتىش ........................................ 382
بالىلار سۈيدۈك يول تېشى ........................................ 384
ھەزىم قىلىشنىڭ بۇزۇلۇشى ........................................ 386
بالىلار مەددە قۇرت كېسەللىكى ........................................ 389
راخىت ........................................ 391
XIV باب تېرە كېسەللىكلىرى ........................................ 394
ئاقكېسەل ( بەرەس ) ........................................ 394
بەھەق ........................................ 412
كالا تېرىسىسىمان تەمرەتكە ........................................ 414
باش تەمرەتكىسى ........................................ 422
ھۆل تەمرەتكە ........................................ 426



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

قىچىشقاق ........................................ 428
دانىخورەك ........................................ 432
بەلۋاغسىمان قوۋاق ........................................ 434
نېرۋا خاراكتېرلىك تېرە ياللۇغى ........................................ 436
چاچراتقۇ ........................................ 437
يەل تاشما ( ئېشەكيېمى ) ........................................ 440
كۆپ شەكىللىك قىزىل داغ ........................................ 443
تېرە مۈڭگۈزلىشىش ........................................ 444
قىزىل تۇمشۇق كېسەللىكى ........................................ 447
كۆپ تەرلەش ........................................ 449
دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ........................................ 452
چاچ بالدۇر ئاقىرىش ........................................ 453
باش كېپەكلىشىش ۋە قىچىشىش ........................................ 455
تېرە يۈزىدىكى يارا ـ چاقىلار ........................................ 455
XV باب بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ........................................ 457
يىڭناسقۇ ........................................ 457
تەتۈر كىرپىك ........................................ 458
كۆز ياشاڭغىراش ........................................ 459
ياش خالتىسىنىڭ يىرىڭلىق ئاقمىسى ........................................ 460
كۆز ئاغرىقى ........................................ 461
كۆز قوتۇرى ........................................ 463
كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى ........................................ 465
نامازشام قارىغۇسى ........................................ 466
كۆزگە ئاق چۈشۈش ........................................ 468
كۆزگە سۇ چۈشۈش ........................................ 469
قۇلاق ئاغرىش ........................................ 470
قۇلاق ياللۇغى ........................................ 472

قۇلاق ئاقمىسى ........................ 473
گاسلىق ........................ 475
بۇرۇن ياللۇغى ........................ 476
بۇرۇن ئىچىگە جاراھەت چىقىش ........................ 477
بۇرۇن قاناش ........................ 478
بۇرۇن قۇرت كېسەللىكى ........................ 481
ئېغىز پۇراش ........................ 481
چىش ئاغرىقى ........................ 482
ئاۋاز پۇتۇپ قېلىش ........................ 487
بادامسىمان بەز ياللۇغى ........................ 489
يۇتقۇنچاق ياللۇغى ........................ 492
ئېغىزدىكى ھەر خىل جاراھەتلەر ........................ 495
XVI باب زەھەرلىنىش ۋە باشقىلار ........................ 497
ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىش ........................ 497
كۆيۈك ........................ 499
ئۈششۈك ........................ 502
ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىلىرىدىن زەھەرلىنىش ........................ 503
زەھەرلىك ھاشاراتلار چېقىش ........................ 515

## ئىككىنچى قىسىم

### تەجرىبىدىن ئۆتكەن نۇسخىلار

ھەبلەر ........................ 521
مەجۇناتلار ........................ 538
ئايارەجلەر ........................ 566
ئىترىپىللار ........................ 568
جاۋارىشلار ........................ 574
تەرياقلار ........................ 579

خەمىرلەر ........................................ 581
مۇپەررىھاتلار ........................................ 584
گۆلقەنتلەر ........................................ 593
قۇرسلار ........................................ 596
لوئۇقلار ........................................ 600
سۇپۇپلار ........................................ 605
شەربەتلەر ........................................ 618
مائۇل ئۇسۇللار ........................................ 630
مەتبۇخلار ........................................ 634
ئەرەقلەر ........................................ 639
مۇراببالار ........................................ 643
رەۋغەنلەر ........................................ 646
مەلھەملەر ........................................ 653
زىمادلار ........................................ 660
سۇرمىلەر ........................................ 663
باشقىلار ........................................ 666

بىرىنچى قىسىم

# كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن داۋالاش ئۇسۇللىرى

# I باب باش ۋە مېڭە كېسەللىكلىرى

## باش ئاغرىقى

باش ئاغرىقى ئىنساننىڭ بېشى ئاغرىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كېسەللىك ئەمەس، لېكىن كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر كۆپ بولۇپ، ھەممىسىدە ئوخشاشلا باش ئاغرىش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، پەيدا بولۇش سەۋەبىگە ئاساسەن ماددىلىق باش ئاغرىقى ۋە ماددىسىز باش ئاغرىقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ماددىلىق باش ئاغرىقى تۆت خىلت ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان باش ئاغرىشنى كۆرسىتىدۇ؛ ماددىسىز باش ئاغرىقى تۆت خىلت ئۆزگىرىشىدىن باشقا سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان باش ئاغرىشنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**1. ماددىسىز ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى**

ئىچكى سەۋەبتىن بولغان ۋە تاشقى سەۋەبتىن بولغانلىرىنى ئېنىق ئايرىغاندىن كېيىن، مىجەزگە توغرا كېلىدىغان ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

1) ئاق سەندەل ياكى كافۇر پۇرىتىلىدۇ.

2) بىنەپشىدىن 10گرام ياكى ئەرەقى گۈلدىن 30 گرام ئىچۈرۈلىدۇ.

3) باشقا ئاق سەندەل چېپىلىدۇ ياكى 10 گرام بىنەپشە، 3 گرام قىزىلگۈلنى ئارىلاشتۇرۇپ دەملەپ ئىچۈرسە بولىدۇ.

4) يۇمغاقسۈت كۆكىدىن مەلۇم مىقداردا ئېلىپ، سىركە ياكى



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com